# ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى

بالىلار ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر قىسسەسى



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

## كائىناتنىڭ يارىتىلىشى

مىليون يىللار ئىلگىرى ئاللاھ كائىناتنى ياراتتى. ئاسمان – زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاش، دېڭىز، قۇياش، يۇلتۇز، ئاي قاتارلىق پىلانېتىلارنى ياراتتى. پەرىشتىنى نۇردىن، جىننى ئوتتىن ياراتتى. زېمىننى ياراتقاندىن كېيىن ھايات ئاستا – ئاستا تەرەققىي قىلدى. يەر يۈزىدە خىلمۇ – خىل شەكىلدىكى ھايۋانلارنى ياراتتى.





## ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جۈمە كۈنى يارىتىلىشى

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتماقچى بولۇپ، بىر پەرىشتىگە زېمىننىڭ ئېگىزلىك، چوڭقۇرلۇق، شورلۇق ۋە مۇنبەت تۇپراقلىرىدىن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئاللاھ جۈمە كۈنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئاشۇ تۇپراقلار بىلەن سۇدىن تەركىب تاپقان لايدىن ياراتتى. ئاللاھ لايدىن ئادەمنىڭ بېشى، كۆزى، تىلى، كالپۇكى، قۇلىقى، بۇرنى، يۈرىكى، قولى، كۆكرىكى ۋە پۇتى قاتارلىق پۈتۈن ئەزالىرىنى ياراتتى.



سۇ پارغا ئايلىنىپ ئادەمنىڭ ھەيكىلى قۇرۇق لاي بولۇپ قالدى. ئۇ ئىچى كاۋاك ساپال بولۇپ، شامال چىقسا جاراڭلايتتى. ئادەمنىڭ يارىتىلىش جەريانى مۇشۇنداق باشلاندى. ئادەمنىڭ ھەيكىلى ئۇزۇن زامان روھسىز قالدى، قانچىلىك ۋاقىت روھسىز قالغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىيسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئادەمنى (ئاتا – ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: <ۋۇجۇدقا كەل> دېدى - دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى (ئىيسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)». (سۈرە ئال ئىمران، 59 - ئايەت)

## تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر

ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىپ ئۇزۇن يىل ھەيكەل پېتى قالدى. پەرىشتىلەر ئۇنى كۆزىتىپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدى. ئەمما ئىبلىس ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقتى. ئاللاھ ئادەمنىڭ ھەيكىلىگە روھ پۈۋلىدى. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق باسقۇچى ئىدى. ئاسماندىكى بارلىق پەرىشتىلەر بۇ ھالقىلىق پەيتكە ئىنتىزار ئىدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالامغا روھ پۈۋلەنگەندىن كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى ئۆگەتتى. چۈنكى ئاللاھ ئادەمنى يەرشارىغا ئورۇن باسار قىلغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئورنى پەرىشتىلەردىن يۇقىرى ئىدى. ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. ھەممە پەرىشتە سەجدە قىلدى، ئەمما ئىبلىس تەكەببۇرلۇق بىلەن سەجدىدىن باش تارتتى.





## ئادەم ۋە پەرشتىلەر

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرشتىلەرگە كۆرسىتىپ: ‹(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار› دېدى. پەرشتىلەر: ‹سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز، بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن› دېدى. ئاللاھ: ‹ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن› دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: ‹مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم› دېدى». (سۈرە بەقەر، 31 ~ 33 - ئايەت)

## ئىبلىسنىڭ ئادەمگە دۈشمەنلىك قىلىشى

ئاللاھ ئىبلىستىن: «سەن نېمىشقا ئادەمگە سەجدە قىلمايسەن؟» دەپ سورىدى. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن ئۇنى بولسا لايدىن ياراتتىڭ. ئوت لايدىن ئەۋزەل» دەپ جاۋاب بەردى. ئاللاھ تەكەببۇر ئىبلىسنى رەھمىتىدىن قوغلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىبلىس ئادەمگە ھەسەت قىلىپ كەلدى. ئىبلىس ھەسەتخور، تەكەببۇر، ئاداۋەتخور مەخلۇق بولۇپ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ياراتمايتتى.



ئىبلىسنىڭ پۈتۈن خىيالى ئادەمنى ئازدۇرۇش ۋە يوق قىلىش ئىدى. ئىبلىس ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغاندىن كېيىن ئاللاھقا: «ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بەرگىن» دېدى. ئاللاھ: «ساڭا قىيامەت كۈنىگىچە مۆھلەت بېرىلدۇ» دېدى. ئىبلىس ئادەم بالىلىرىنى ۋاستە قىلىپ ئازدۇرۇپ، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ (ئىبلىسقا) ‹سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟› دېدى. ئىبلىس: ‹مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ› دېدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: ‹سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن›. ئىبلىس: ‹ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە مۆھلەت بەرگىن› دېدى. ئاللاھ: ‹ساڭا مۆھلەت بېرىلدۇ› دېدى».

(سۈرە ئەئراف، 12 ~ 15 - ئايەت)





## ھەۋۋا ئانىنىڭ يارىتىلىشى

ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يالغۇز ياراتتى، ئۇ يالغۇزلۇقتىن غېرىپسىندى.ئاللاھ ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ھەۋۋانى يارىتىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلدى. ئادەم ناھايىتى خۇشال بولدى. ھەۋۋامۇ ئادەم بىلەن ئۇچراشقانغا خۇرسەن بولدى. ئۇ ھايات ئادەمدىن يارىتىلغاچقا ھەۋۋا دەپ ئاتالدى.

## ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ جەننەتكە ئورۇنلىشىشى

ئاللاھ ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئانىمىز ھەۋۋانى جەننەتكە يەرلەشتۈردى. جەننەت ئىنتايىن گۈزەل ماكان بولۇپ، دەل – دەرەخلەر، ئۆستەڭلەر بار. ئۇ يەردە ئىسسىق ۋە سوغۇق بولمايدۇ. ھاۋاسى ساپ بولۇپ، ئىنسان نەپەسلەنگەندە بەخت – سائادەتنى ھېس قىلىدۇ. ئاللاھ ئادەمگە مۇنداق دېدى: «ئى ئادەم، سەن خوتۇنۇڭ ھەۋۋا بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار، جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ – ئىچىڭلار» دېدۇق. (سۈرە بەقەر، 35 - ئايەت). يەنى، سەن جەننەتنىڭ خالىغان يېرىدە تۇرغىن، ئۇ يەردىكى خالىغان نەرسىنى يېگىن، سەن ئۇ يەردە بەختلىك بولىسەن. جەننەتتە ھېرىپ – چارچاش، ئاچ – يالىڭاچ قېلىش بولمايدۇ.



ئۆگەنگەنلىرىمىز:

ئاللاھ ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى تۇپراقتىن ياراتتى.

پەرىشتىلەر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بەندىلەر بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى نۇردىن ياراتتى.

ئاللاھ ئادەمنى زېمىندا خەلىپە قىلىشنى ئىرادە قىلدى.

ئاللاھ ئادەمنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى، پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى.

ئىبلىس ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى. شەيتان ئادەم بالىلىرىغا ئۇچۇق – ئاشكارا دۈشمەن بولدى.

ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ غېرىپلىقىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ھەۋۋانى ياراتتى.




كىچىك دوستلار، قېنى جاۋاب بېرىپ بېقىڭلارچۇ؟!
ئاللاھ تۇپراقتىن يارىتىپ روھ پۈۋلىگەن، پۈتۈن
ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى بولغان پەيغەمبەر كىم؟